شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 · شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 1 - ئاي
29
چارشەنبە
维吾尔文 1 月29日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网 : www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24955 - سان بۈگۈن 2 بەت

# شى جىنپىڭ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى تەن دېسەي بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر بەي جيې) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى خەلق سارىيىدا دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى تەن دېسەي بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر، جۇڭگو خەلقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇم ئەھۋالىغا قارشى كەسكىن كۆرەش قىلىۋاتىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقى باشتىن - ئاخىر بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت. مەن جۇڭگونىڭ دېھقانلار كالېندارى بويىچە يېڭى يىلنىڭ بىرىنچى كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلدىم، مەركەز يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىندى، بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىندى، تۈرلەر بويىچە يېتەكچىلىك قىلىندى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقاتتى. تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، كۆپ قېتىم رىياسەتچىلىك قىلىپ يىغىن ئېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ئېنىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتا پائال رولىنى جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. ھازىر ئالاقىدار ئىشلارنى تۆۋەندىكىدەك ئۇقتۇرىمىز.

يۇقۇم — بۇيرۇق، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش — مەسئۇلىيەت. يۇقۇم تېز يامراۋاتقان ئېغىر ۋەزىيەت ئالدىدا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، زىممىسىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەت، بۇرچنى ئېنىق تونۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش تەلىپى بويىچە ھەقىقىي تۈردە خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، خەلق مەنپەئەتىنىڭ ھەممىدىن ئەلا ئىكەنلىكىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا تەشكىللەش، سەپەرۋەر قىلىشنى نۆۋەتتىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سەپىگە ئاتلىنىشنى ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشنى نامايان قىلىشتىكى سىناق تېشى ۋە بىلەي تېشى قىلىپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكى، تەشكىلىي ئەۋزەللىكى، ئاممىا بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش ئەۋزەللىكىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى كۈچلۈك سىياسىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىدە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىش، باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىش، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، يېتەكلەپ، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ھەقىقىي تۈردە مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەتچان بولۇش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە كادىرلارنى كۆزىتىپ، پەرقلەندۈرۈپ، باھالاپ، ئىشلىتىپ، رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىدىكى ئەمەلىي ئىپادىسىنى ئۇلارنىڭ سىياسىي ساپاسى، ئاساسىي مەقسەت ئېڭى، پۈتۈن ۋەزىيەت قارىشى، باشقۇرۇش ئىقتىدارى، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىش روھىنى سىناشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش كېرەك. ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغانلارنى مۇكاپاتلاش، تەقدىرلەش، دادىل ئىشلىتىش كېرەك؛ مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، ئىستىلى تۇراقسىز، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كۈچلۈك بولمىغان، ھەتتا ساختىپەزلىك قىلغان، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغان - مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك تەشكىلات تارماقلىرى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە تارماقلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتى(پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە چىڭ تۇرۇپ، قەيەردە ۋەزىپە خەتەرلىك، ئېغىر بولسا، شۇ يەردە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ كۈچلۈك خىزمىتى بولۇش، شۇ يەردە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارت بولۇشى، ئۈلگە بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كەڭ دائىرىدە تەشكىللەپ، رايون، ناھىيە، كوچا - بازار، شەھەر - يېزا، مەھەللە قاتارلىق مۇداپىئە تورىنى قۇرۇپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، يۇقۇمنى كۆزىتىپ ئۆلچەش، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، ئالدىن سىگنال بېرىش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، قاتتىق ئالدىنى ئېلىپ، چىڭ ساقلاپ، قەتئىي يوچۇق قالدۇرماي، ئاما ئالدىنى ئېلىش، ئاما تىزگىنلەش، يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىشنىڭ پۇختا مۇداپىئە سېپىنى بەرپا قىلىش كېرەك. پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇپ، رايونلار ئىدارە قىلىش، تارماقلار ئىدارە قىلىش، ساھەلەر ئىدارە قىلىش، ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش، ئورۇنلار ئىدارە قىلىشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە ئۈنۈملۈكلۈكىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئورگان، كارخانا - كەسپىي ئورۇنلار ھەممىدە جەمئىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيە تەشكىلاتلىرى بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنى، ئۆز ساھەسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلىشى كېرەك. پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى ئاممىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشكە تەشكىللەپ، كەيپىياتنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئىشەنچنى ئاشۇرۇپ، ئىغۋاغا ئىشەنمەي، ئىغۋا تارقاتماي، ئاممىنىڭ سىردىشى ۋە يۆلەنچۈكى بولۇپ، خەلق ئاممىسىغا يېقىندىن تايىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايون سىن يىغىنى ئېچىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاممىغا تايىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي، كەسكىن غەلىبە قىلىش كېرەك

## چېن چۇەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى سىن يىغىنى ئېچىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۇەنگو يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، باشتىن - ئاخىر خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ، دوكلات ئاڭلاپ، مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، خەلقنى چىن كۆڭلىدىن سۆيۈش، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلقنى كۆزلەشتەك چوڭقۇر ھېسسىياتىنى تولۇق نامايان قىلىپ، مەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەپ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمەن، دەيدىغان ئالىيجاناب خىسلىتىنى تولۇق نامايان قىلدى. 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توغرىسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارغا ئاتاكىغا ئۆتۈش بۇيرۇقى چىقاردى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خەلق مەنپەئەتىنىڭ ھەممىدىن ئەلا ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھاياتلىقنىڭ تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇم — بۇيرۇق، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش — مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شىنجاڭنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى يولغا چىقتى

## شۆھرەت زاكىر، لى پېڭشىن قاتارلىقلار ئايروپورتتا بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيېۋن** خەۋەر قىلىدۇ: 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، شىنجاڭنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى خۇبېي ئۆلكىسى ۋۇخەن شەھىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلىشىگە ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ 142 ئەترەت ئەزاسى ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايروپورتىدىن ۋۇخەنگە ئاتلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى شۆھرەت زاكىر ئايروپورتقا بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت ھەممىدە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە ۋاكالىتەن داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى ۋە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى، كۆپچىلىكنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق، سەپىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا تەلەكداشلىق بىلدۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن ئۇزىتىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

شۆھرەت زاكىر شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ باش يېتەكچىسىگە بايراق بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: ھاياتلىق تەيشەن تېغىدىنمۇ قىممەتلىك، يۇقۇم — بۇيرۇق. شىنجاڭدىكى كەڭ تېببىي خادىملار چاقىرىققا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تىزىملىغا ئالدۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن بىرىنچى سەپكە ئاتلاندى، ۋەزىپە مۈشكۈل، بۇرچ شەرەپلىك. كۆپچىلىكتىن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى باشتىن - ئاخىر ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ - تىزگىنلەپ، ئىلمىي قۇتقۇزۇپ داۋالاش بىلەن بىللە، سالامەتلىكىنى ئاسراپ، تولۇق قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ۋەزىپىلىرىنى ياخشى ئورۇندىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇخەن شەھىرى قاتارلىق جايلاردا يېقىنقى مەزگىلدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەردى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار بەس - بەستە مۇنۇلارنى بىلدۈردى —

# پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدۇرىمىز

**☐ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى**

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلاردىن كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىغا يېقىندىن تايىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار بەس - بەستە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر خەلق مەنپەئەتىنىڭ ھەممىدىن ئەلا ئىكەنلىكىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدۇرىمىز.

### پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش

باش شۇجى شى جىنپىڭ بەرگەن مۇھىم يوليورۇققا قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى قەتئىي توسۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىمىز.

يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇدا بەش قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە سىن يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە قوماندانلىق ئىشتابى قۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سىپى خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىشنى يۇقىرى پەللىدىن ئالغا سىلجىتتى.

ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى ئۇدا كۆپ قېتىم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى مەخسۇس يىغىنى ئېچىپ، ۋىلايەت، ناھىيەدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىن سىستېمىسى ئورنىتىپ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مۇتەخەسسىسلەر ئۆمىكىنى ۋاقتىدا تەشكىللەپ قۇردى، تېببىي خادىملار 24 سائەت نۆۋەت بىلەن نۆۋەتچىلىك قىلىپ ئالدىن تەكشۈردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلايلى

**☐ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى**

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى تېز يامراۋاتقان ئېغىر ۋەزىيەت ئالدىدا، بارلىق جۇڭگولۇقنىڭ ھەممىسى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش زەنجىرىدىكى بىر ھالقا، بىز ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، «ئىس - تۈتەكسىز، لېكىن ھايات - ماماتلىق» بۇ مەيدان جەڭدە قەتئىي غەلىبە قىلىشىمىز كېرەك.

دەھشەتلىك يۇقۇم ئالدىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈردى؛ ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كەڭ تېببىي خادىملار خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى؛ ئالاقىدار ساھەلەردىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، سەپ تارتىپ تەييار تۇردى. بۇ مەيدان جەڭدە، نۇرغۇن كىشى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئائىلىدىكىلىرى بىلەن جەم بولۇش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، چوڭ ئائىلە ئۈچۈن كىچىك ئائىلىسىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنىڭ ئامانلىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە قارىماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)